# 38044 - شەبان ئېيىنىڭ روزىسىنى رامزان ئېيىغا ئۇلاپ تۇتۇش توغرىسىدا

## سۇئال

ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلسۇن، مەن تاماكۇ چېكىشنى تاشلىدىم، رەجەپ ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنىدىن باشلاپ نەپلە روزا تۇتۇشنى باشلاپ ھەتتا شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرمىدىم، پەتىۋالار تۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن شەئبان بىلەن رامزاننىڭ ئارىسىنى ئايرىمىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىزنى چەكلەنگەن نەرسىنى تەرك قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھ تائالاغا گۈزەل مەدھىيلەر بولسۇن، ئاللاھ تائالادىن بىزنى ۋە سىزنى ۋاپات بولغانغا قەدەر دىنىدا مۇستەھكەم قىلىشنى سورايمىز.

سىزنىڭ شەئبان ئېيىنىڭ روزىسى بىلەن رامزاننىڭ روزىسىنى ئۇلاپ تۇتىشىڭىز دۇرۇس بولىدۇ، سىز بۇنىڭ بىلەن سۈننەت بويىچە ئىش قىلغان بولىسىز. بۇ توغرىدا 13726 – ۋە 26850– نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.